

# پارتىزان قىز

www.uyghurkitap.com

# پارتىزان قىز

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن - 1958

## كىرىش سوز

1950 – ژىلى ئوكتەبردە، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى ئەڭ كۆچلۈك ئەسكىري كۆچى بىلەن شمالىي چاۋشەنگە غالجىرلارچە هۆجۆم قىلدى. چاۋشەن خەلق ئارمىيىسى ستراتىگىيە بويىچە ۋاقىتلىق ئارقىغا چېكىندى.

چاۋشەن خەلقى دۆشمەن تەجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، دۆشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدە پارتىزان ئەترىدى تەشكىل قىلىپ، هەممە يەردە دۆشمەنگە زەربە بەردى. مەلۇم جايدىكى پارتىزان ئەترىدىنىڭ باشلىقى پارتىزان قىز جىن يىڭشۇغا: دۆشمەن ئىشغال قىلىۋالغان رايونلارغا بېرىپ يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ دۆشمەنگە قارشى تۇرۇش، دۆشمەننىڭ كۆۋرۈك ياساش قۇرۇلۇشلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش قاتارلىق مۇهىم بىر ۋەزىپە تاپشۇردى. جىن يىڭشۇ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ناهايىتى مەشەققەت ۋە خەۋپلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەھۋال ئاستىدا ئۇز خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. دۈشمەنلەر ئاممىنى نەيزە بىلەن ھەيۋە قىلىپ كۆۋرۈك ياساتقۇزدى؛ جىن يىڭشۇ ژۇقۇرىسىنىڭ يولىيورۇغى بويىچە كۆۋرۈكنى پارتلاتتى. بۇ كۆرەشتە، بەختكە قارشى ئۇ ياردار بولۇپ قېلىپ، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالدى. دۈشمەنلەر ئۇنى ئېغىر قىيىن-قىستاق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ، باش ئەگمىدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا شەرەپلىك ھالدا قۇرۇۋان بولدى. جۇڭگو - چاۋشەن ئارمىيىسى مۇرىگە - مۇرە تىرەپ ئۇرۇش قىلىپ، ئامېرىكا قاراقچىلىرىنى بۇ يەردىن ھايداپ چىقارغان ۋاقتىدا، پارتىزانلار بىلەن شۇ جايدىكى خەلق جىن يىڭشۇنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا تۇرۇپ: ئامېرىكا قاراقچىلىرىنى جەزمەن قوغلاپ چىقىرىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرىنى قايتۇرۇۋالىمىز، دەپ قەسەم ياد قىلدى.




1950 ـ يىلى ئوكتەبىردە، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى ئەڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن شىمالىي چاۋشەنگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى. بۇلار ھەممىلا يەردە باسقۇنچىلۇق، ئوت قويۇش ۋە قىرغىنچىلىقتا ئوخشاش ۋەھشىيانە ھەركەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، گۈزەل شەھەرلەرنى قىزىل قىيامەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ چوھنسون دېگەن بىر كاپىتانى باشلىقلىرىغا تېلېفون بېرىپ: «يەنە 5 كۈندىن كېيىن يالۇجياڭ دەرياسىغا يېتىمىز.»—دەپ ماختاندى.



بۇ چاغدا، باتۇر چاۋشەن خەلقى ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ئارقىمۇ-ئارقا ئەڭ ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان ئىدى. خەلقلەر مۇنتىزىم ئارمىيىگە ماسلىشىپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلدى. بىر ئاخشىمى، پارتىزانلار ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمى قىسىملىرىنىڭ ئوق-دورىلىرىنى ئالدىنقى سەپكە ئوز ۋاختىدا ئېلىپ بارغۇزماسلىق ئۈچۈن، بىرچوڭ كوۋرۈكنى پارتلىتىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بۇ پارتىزان ئەتىرىدى كوۋرۇكنى پارتلاتقانلىقىنى كېيىن، دەرھال
تاقىقا قايتىپ كېلىپ، كوۋرۇكنى پارتلىتىش جەريانى ئۈستىدە خوشال-
خورام پاراڭلاشتى.



پارتىزان جىن يىڭشۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردىكى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى . ئۇ ھازىر ، ئانىسىنىڭ بۇ ژىل پاراقنى بىرىنچى بولۇپ تاپشۇرماقچى بولغانلىقىنى ، لېكىن ئانىسىنىڭ دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمىنى ئاستىدا ئۆلگەنلىكىنى ئەسلەپ كېلىپ ، دۈشمەنگە قاتتىق غەزەپلەندى .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

شۇكۈنى ئاخشىمى، جىن يىڭشۇ يېڭى بىر مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالدى: پارتىزان ئەترىدىنىڭ باشلىقى ئۇنى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەشكە ئەۋەتمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز — ئاممىنى دۈشمەنىنىڭ كۆۋرۈك ياساش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرماي، بەلكى ئۇلارنى ھەركەتلەندۈرۈپ، كۆۋرۈكنى بۇزدۇرۇش؛ ئۇندىن تاشقىرى، پۇرسەت تېپىپ دۈشمەن ئەھۋالىدىن بىزگە خەۋەر يەتكۈزۈش» — دېدى.



ئەترەت باشلىغى سوزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا: «دۇشمەن ئىشغا-لىيىتىدىكى رايونغا بېرىپ ئىشەنچىلىك بىر يەرگە ئورۇنلۇشۇپ ئال-غانىدىن كېيىن، شۇ يەردىكى سوۋېت ۋەكىلى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاڭ.» — دەپ تاپىلىدى. جىن يىڭشۇ ئەترەت باشلىغىغا ئالدى بىلەن ئوزىنىڭ قەدىناس دوستى فۇشىنىڭ ئويىدە تۇرۇۋدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئەترەت باشلىغى ئۇنىڭ پىكرىنى ماقۇل كوردى.



جىن يىڭشۇ يۇخراچە كىيىنىپ، قاتتىق شىۋىرغاندا يولغا چىقتى.
سويگەن ژىگىتى نەنلۇڭ ئۇنى تاغ باغرىغىچە ئۇزۇتۇپ قويدى.



ئايرىلىش ئالدىدا نەن لۇڭ جىن يىڭشۇغا: «قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ۋاقتىڭىزدا پارتىيە ۋە خەلقنى ئەسلىسىڭىز، سىزدە غەيرەت پەيدا بولۇدۇ-دە، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كېتەلەيسىز.»-دەپ ئىلھام بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى



جىن يىڭشۇ نەن لۇڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، تاڭ ئاتقىچە قۇشنىڭ ئۆيىگە يېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى. ئۇ، شەھەرگە يېتىپ كىرەي دېگەندە، ئالدى تەرەپتە بىر ئامېرىكا قاراقچىسىنىڭ ئۇياق-تىن - بۇياققا مېڭىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال توختىدى.



ئۇ، سەپ سپلپ قارىۋىدى، ئامپرىكا قاراقچىلرىنىڭ بگۇنا خەلقنى توگلۇترۇپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن تۇۋرۇككە باغلاپ قويغان ۋە ئۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن قويغان قاراۋۇللىرى ئىكەنلىگىنى بىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



جىن يىڭشۇ باغلاغلىق خەلقنى كورۇپ شۇنداق ئازاپلاندىكى ،
گويا ژۇرۇگىگە پىچاق سانچىلغاندەك بولدى. ئۇ دەرھال يوغان بىر
تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ، ئۇ يەردىكى ھەركەتنى كوزدىن
كوچۇردى .



بىر ئازدىن كېيىن ئۇ، قوينىغا بىر تېرمۇسنى تىقىپ، باغلاقلىق كىشىلەرنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇقچە كېتىۋاتقان بىربالىنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



ھېلىقى بالا قاراقچىلارغا كورۇنمەي غىپلا قىلىپ ، باغلاغلىق كىشلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇز ئاپىسىنى تېپىۋالدى. ئۇ، ئاپىسىنىڭ يېلىڭ كىيىم بىلەن سۇۋۇقتا ھۇشىدىن كەتكەنلىگىنى كورۇپ ئىچى چىدىماي «ئاپا، ئاپا، بىر زۇتۇم ئىسسىق سۇ ئىچىۋال.» — دەپ ۋاقىرىدى.



ئادەمخورلۇقنى ئوزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئامېرىكا بۇلاڭچىلى-
رىدىن بىرى مىلتىقنى قولىغا ئالدى-دە، بالىنى نىشانلاپ ئاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



بالا تېرمۇسنى ئەمدىلا ئاپىسىنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئېلىپ بارغان ئىدى، ئاپىسى بىر ژۇتۇم سۇنى تېخى ئاغزىغا ئالا ــ ئالمايلا بالىغا ئوق تېگىپ ژىقىلدى.



ئاپسى بالىسىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تۇيۇقسىز كوردى-
دە، غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ تاشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



جىن يىڭشۇ بۇ پاجىئەلىك ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. ئۇ كېيىنتۇيتىپ ئەھۋالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنسىرى قەلبىدە غەزەپ ئوتى يالقۇنجىلىنغىلى تۇردى.



ھەممىلا يەر كىشىنى سەسكەندۈرۈدىغان ۋە غەزەپلەندۈرۈدىغان ۋەقەلەر بىلەن تولغان، جىن يىڭشۇ بىردىنلا كوچىدا، يەنە بىر ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ بىر قىزچاقنىڭ بوينىدىكى شارپىنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، قىزچاقنىڭ قورقىنىدىن ۋاقىراپ ژىغلاۋاتقانلىقىنى كورۈپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئامېرىكا ئەسكىرى قىزچاقنىڭ شارپىسىنى بۇلاپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بويىنىغا ئوراۋالدى. قىزچاق يىغلاپ تۇرۇپ: «شارپىسىنى بەر!» — دېسە، ئىنسانىيەتچىلىكتىن چىققان بۇ ئامېرىكا ئەسكىرى ئەكسىنچە قىزچاقنى ئېتىپ ئۆلتۈرمەك بولدى.



بۇ چاغدا، بىر مۇماي دەرھال ژۇگۇرۇپ كېلىپ قىزچاقنى باغرىغا ئېلىپ، ئامېرىكا ئەسكىرىگە نەپرەت كوزى بىلەن ئالايدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

جىن يىڭشۇ قاراپ تۇرۇپ پەقەت چىدىيالمىدى ـ دە ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ قىزچاقنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قەتئىي يول قويماسلىق ئۈچۈن ، يوغان بىر تاشنى ئېلىپ ئەسكەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ، راسا كەلتۈرۈپ كاللىسىغا بىرنى سېلىۋىدى ، شۇ ھامان جان بەردى .



جىن يىڭشۇ موماينا: قىزچاقنى ئېلىپ بۇ يەردىن چاقچان كېتىڭ ــ دېدى ــ دە، دەرھال ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

www.uyghurkitap.com



جىن يىڭشۇ دوستى فۇشىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشىگە، فۇشى ئۇنى دەرھال گەمىگە يوشۇرۇپ قويدى.



جىن يىڭشۇ فۇشىدىن سۇي ۋەنشۇ بوۋاينى سورىغان ئىدى، فۇشى غەزەپ بىلەن: «ئۇنى دۇشمەنلەر تۇتۇپ ئالغان ئىدى، كېيىل بەر-گەندىن كېيىن قويۇپ بەردى. ئۇ ھازىر دۇشمەنلەر ئۇچۇن ئىشلە-ۋاتىدۇ، ھەي، ئۇ ھازىر ئىلگىركى سۇي ۋەنشۇ تاغا ئەمەس.»— دېدى. جىن يىڭشۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەجەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، سۇي ۋەنشۇنىڭ دۇشمەنلەرگە راستىن ئىشلەپ بېرىشىگە ئىشەنمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەمدى سۈيۋەنشۇ بوۋايغا كەلسەك، ئۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرى بار جايلارغا ئوتۇن توشۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولغان ئىدى. ئۇ كو- رۈنۈشتە دۈشمەنلەرگە ئىشلەپ بەرگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلدە دۈشمەن ئەھۋالىدىن كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋدۇ.



سۈيۋەنشۇ ئۆز ژۇرتداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا دۈشمەنلەر گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ، قەستەنگە ئۇلار بىلەن كورۇشمەي ئۆتۈپ كېتەتتى. ژۇرتداشلار ئەھۋالنى ئۇقمىغاچقا ئۇنى: ئولۇمدىن قورقۇپ دۈشمەنگە ئىشلەپ بېرىۋاتىدۇ، دېيىشەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



جىن يىڭشۇ شەھەرگە كىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، ئاخشامقى بىر ئامېرىكا قاراقچىسىنىڭ ئولتۇرۇۋلگەنلىكى توغرىسىدا خەلقلەر ئارىسىدا شىۋىڭ ـ شىۋىڭ گەپلەر پەيدا بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار جىن يىڭشۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، بۇ ئەھۋالدىن يېقىن ئەتراپتا پارتىزانلارنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ باغلاپ ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇشۇپ كەتتى.



بۇ چاغدا، قۇرچاق تەرتىپ ساقلاش ئەترىدى ئامېرىكا خوجا-يىنلىرىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن كوۋرۇك ياساشقا ھەممە يەردىن ئىشچى تۇتۇشقا باشلىدى. خەلقلەر تەرتىپ ساقلاش ئەترىدىنىڭ ئادىمىنى كورۇپ قاتتىق نەپرەتلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن چاتىغمۇ بولماستىن تارقى-شىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



تەرتىپ ساقلاش ئەترىتى ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ ، ئەر - ئايال، ياش - قېرى دېمەستىن ھەممىنى تۇتۇپ كەتتى.



كوۋرۇك ياساش مەيدانىدا، تەرتىپ ساقلاش ئەترىدى بىلەن ئا-
مېرىكا ئەسكەرلىرى خەلقنى نازارەت قىلىپ تۇرۇپ، بىردەممۇ
ئارام ئالدۇرماستىن مەجبۇرى ئىشلەتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى




بۇ چاغدا، جىن يىگشۇ سۇي ۋەنشۇ بىلەن ئالاقە باغلاپ بولغان ئىدى. ئاخشىمى سۇي ۋەنشۇ فۇشىنىڭ ئويىگە كېلىپ، تەرتىپ ساق-لاش ئەترىدىنىڭ خەلقنى تۇتۇپ كوۋرۇك ياساشقا سالغانلىق ئەھ-ۋالىدىن جىن يىگشۇغا دوكلاد بەردى.



.. جىن يىڭشۇ سۇيۋەنشۇنىڭ دوكلادىغا ئاساسەن، دەرھال پارتىزان ئەترىتىنىڭ باشلىقىغا بىر پارچە دوكلاد يېزىپ، سۇيۋەنشۇغا بەردى ۋە بۇ خەتنى ئاخشاملىقتا ئوتۇن ئالغىلى بارغاندا، لۇخۇ جىلغىسىنىڭ باغرىدىكى ئارچا دەرىخىنىڭ شېخىغا قىستۇرۇپ قويىسىڭىز، كېچىدە پارتىزان ئەترىتىدىكى ئالاقىچىلار كېلىپ ئەپ كېتىدۇ، دەپ تاپىلىدى.



جىن يىڭشۇ تېزدىن ھەركەتلىنىش ئۈچۈن، سۈيۈەنشۇدىن يەنە كىملەرنىڭ ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى، سۈيۈەنشۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەي، گېپىڭىزنى قاراڭ، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تەرتىپ ساقلاش ئەترىتىدىكى ئىتلاردىن باشقا چاۋشەنلىكنىڭ ھەممىسى ئىشەنچىلىك.» — دېدى.



جىن يىڭشۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئىشقا تېخىمۇ جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئاخشىمى ئۇ، فۇشىننىڭ ئويىگە خەلقلەرنى ژىغىپ: «ئامېرىكا قاراقچىلىرى قۇرال - ياراق ۋە ئوق - دورىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنى قىرماقچى، خەلق ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قايتارما ھۇجۇمىنى توسماقچى. ئويلاپ قاراڭلار، دۈشمەنلەرگە كۆۋرۈك ياساپ بەرگىنىمىز، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنى قىرغىن قىلىشىغا ياردەملىشىپ بەرگەنلىگىمىز بولمامدۇ؟» — دەپ چۈشەنچە بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خەلقلەر جىن يىڭشۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەسىلىنى چۈشەندى. ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن دۈشمەننىڭ كوۋرۈك قۇرۇلۇشىنى بۇزۇۋاتماق بولدى.



جىن يىگشۇ بەزى كېچىلىرى خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى
روھسىزلانماستىن قەتئىي كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ھەم
گېنېرال كىم ئىرسىننىڭ: «دۈشمەنگە بىرتال گۈرۈچ، ھەتتا بىر تىيىنمۇ
بەرمەڭلار، دۈشمەننىڭ ھەر بىر ئىشىنى بۇزۇڭلار، دۈشمەنگە
چاۋشەندىن دەسسەپ تۇرغۇچىلىكمۇ ئورۇن بەرمەڭلار!» — دېگەن چا-
قىرىقىنى ھەرمىنوت — ھەرسېكونت ئەسلىرىدىن چىقارماسلىقنى ئېيتتى.



جىن يىڭشۇنىڭ چۈشەندۈرۈپ ھەركەتلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە، ئەتىسى خەلقنىڭ ھەممىسى يالغاندىن ئاغرىق بولۇۋېلىپ كوۋرۇك ياساشقا چىقمىدى. يىن فىڭشۇ مەيدەم ئاغرىيدۇ، دەپ ئىشقا چىقمىغان ئىدى. ئەرتىسى ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئادىمى بىلەن بىر ئامبوركا ئەسكىرى كېلىپ ئۇنى مىلتىق بىلەن ئىتتىرىپ مېڭىشقا زورلىسىمۇ، لېكىن ماڭغىلى ئۇنىمىدى.




يىن فىڭشۇ ماڭماي تۇرۇۋالغاشقا، قورچاق تەرتىپ ساقلاش ئەتـ
رىدىنىڭ باشلىقى خەنچاڭگۇي، ئۇنىڭ چىچىدىن تارتىپ ۋەھشىـ
لەرچە سورەپ ماڭدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



جىن يىگشۇ بىر تەرەپتىن، ئاممىنى كوۋرۇك ياساشقا قاتناشماس— لىققا ھەركەتلەندۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاخشاملىرى تاملارغا شۇئار ۋە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى چاپلىدى. بوۋاي دېچۇەن ئەتراپتا قارا— ۋۇللۇق قىلىپ تۇردى. قوشى بولسا، تامغا شىلىم سۇرتۇپ بەردى.




فۇشى تامغا شىلىم سۇرتۇپ بولغاندىن كېيىن، جىن يىڭشۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى چاپلىدى. بەزى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىدە: «دۇشمەنگە ئالدانماڭلار، خەلق ئارمىيىمىز بىلەن جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرى مۇرىگە-مۇرە تىرەپ ئۇرۇش قىلىپ، دۇشمەنگە قايتارما ھۇجۇم باشلىۋەتتى»——دەپ يېزىلغان. بەزىلىرىدە: «دۇشمەنگە ئىشلەپ بەرمەڭلار! دۇشمەنگە بىرتال گۇرۇچ، ھەتتا بىر تىيىنمۇ بەرمەڭلار!»——دەپ يېزىلغان.

www.uyghurkitap.com



بۇ تەشۋىقلار خەلقلەرنىڭ غالىبىيەت ئىشەنچىسىگە ئىلھام بەردى. ئۇلار كوۋرۇك ياساۋېتىپ، بىر ـ بىرىگە پىچىرلىشىپ ئىچ ـ ئىچلىرىدىن خوشال بولۇپ كېتىشتى.



كۆپچىلىك تۈرلۈك چارىلار بىلەن ۋاختىنى كەينىگە سوزدى .
ئۇلار توپا توشۇيدىغان چىغ سېۋەتنىڭ ئاستىنى تېشىپ قويغانلىقتىن،
سېۋەتكە توشقۇزۇپ توپا ئۇسۇلسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا،
تۆكۈدىغان يەرگە يەتكىچە تۆكۈلۈپ ئازلا قالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەندى چوھىنسونغا كەلسەك، ئۇ، ئەمگەك پارتىيىسىنىڭ تەشۋىق شۇئارلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى دۆلەت مۇداپىە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى سۈڭخىنتەي بىلەن تەرتىپ ساقلاش ئەترە-دىنىڭ باشلىقى خەنچاڭگۇينى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا: «قېنى، سىلەر كوممۇنىستلار تۈگىدى دېيىشىدىڭلار، بۇ تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كىم چاپلىدى؟ سىلەر كوۋرۇكنى ئىككى كۈندىلا پۈتكۈزىمىز دېيىشىدىڭلار، ھازىر 5 كۈن بولدى تېخى پۈتمىدىغۇ!» — دەپ ئۇلارغا ئاچچىقلاندى.



سۇڭخىنتەي بىلەن خەنچاڭگوي چوھىنسوندىن تىل ئىشتىپ خوش-
خوش دېمەكتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقى-
قەتەن كوممۇنىستلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشتى.
خەنچاڭگوي چوھىنسونغا يېلىنىپ: «تەخسىر ئۆزلىرى «دۆلەت مۇ-
داپىئە ئارمىيىسى» گە بۇيرۇق چۈشۈرسىلە، ئۇلار كۆپرەك ھەركەت-
لەنسە ئىكەن. پۇخرالار تەشۋىق ۋەرەقلىرىدە كوممۇنىست ئارمىيە-
سىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كېيىمىزگە قۇلاق
سالمايدىغان بولۇۋالدى.»—دېدى.



شۇنداق قىلىپ، چوھىنسون خەلقلەرنى ھېچ قارشىلىقسىز كوۋرۇك ياسىتىش ئۈچۈن، كوۋرۇكنىڭ ئۈستىگە بىر پۇلېمىوت قۇرۇپ قويدى. كىمكى ياخشى ئىشلىمىسە، شۇنى ئوققا تۇتماقچى بولدى.



خەلقلەر ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ قۇراللىق نازارىتى ئاستىدا
كوۋرۇك ياساۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



لېكىن، بۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ قورقۇپ كەتكىنى يوق، لىمىنىڭ بىر بېشىنى كوتۇرۇپ كېلىۋاتقان دېچوەن دەريا ئۇستىگە توغرى قويۇلغان شالنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، لىمىنىڭ نېرقى بېشىنى كوتۇرۇپ كېلىۋاتقان سوۋيۆەنشۇ بىلەن كوزئىشارىسى قىلىشىۋالدى-دە، لىمىنى قەستەن دەرياغا تاشلىۋەتتى.



بۇنى كۆرگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى، باشقىلارنىڭ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغۇلۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىر ھازاغىچە ئوق چىـ قىرىپ تۇردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خەلقلەر كوۋرۇك قۇرۇلۇشىنى بۇزۇش ئۇچۇن تۇرلۇك چارىلارنى قوللانغان ۋە ۋاختىنى ئارقىغا سوزغان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىق نازارىتى ئاستىدا كوۋرۇكمۇ پۇتۇپ قالدى. كوۋرۇك پۇتكەندىن كېيىن، خەلقلەر قايتىپ بېرىپ قاتتىق غەمگە چۇشتى. چۇنكى، ئامېرىكا قاراقچىلىرىنىڭ توپ-زەمبىرەكلىرىنى دەريادىن ئوتكوزۇپ ئېلىشىنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، ئەمدى نىمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلاندى.



.. دەل بۇ چاغدا، جىن يىڭشۇ كېلىپ قالدى. ئۇ، كوپچىلىككە تەسەللى بېرىپ، بۇ ھەقتە بۇگۇن ئاخشام ئوزىگە ژۇقۇرىدىن چوقۇم يوليورۇق كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەچتە، جىن يىڭشۇ بەلگىلەنگەن يەرگە بېرىپ ئالاقىچى نەن لۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ، جىن يىڭشۇنىڭ شەھەرگە كىرگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق پەيدا بولدى.



نەن‌لۇڭ بۇگۇن كېچە جىن‌يىڭشۇ بىللە دەريادىن دۇشمەن‌ـ
نىڭ بىرمۇ ئاۋتوموبىلىنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ياسىلىپ بولغان
كوۋرۇكنى پارتلىتىۋېتىش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق ئېلىپ كەلـ
گەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن‌يىڭشۇ قايتىپ بېرىپ سۈيۋەنشۇ
بوۋاي بىلەن قانداق ئىش ئېلىپ بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى.



دۈشمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بۈگۈن ئاخشام تۇرغۇن قورال-
ياراقلارنى كېچىچە دەريادىن ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھازىرلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇكۇنى كەچتە ، سۇيۋەنشۇ كوۋرۇك ساقلاۋاتقان ئامېرىكا ئەسـ
كەرلىرىگە ئوتۇن ئېلىپ كەلگەندە يېرىم كېچە بولۇپ قالغان ئىدى.
ئامېرىكا ئەسكەرلىرى سوۋۇقتا دىر ـ دىر تىترەپ تۇرۇشاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بۇچاغدا، ئەسكەرلەردىن بىرى سۇۋېنشۇ ئەكەلگەن ئوتتۇنغا قىستۇرۇلغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى كورۇپ دەرھال ئېلىۋالدى. ئەسلىدە سۇۋېنشۇ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنى بۇ ھاراق بىلەن مېلىكە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئىدى.



سوۋۇقتا تىترەك باسقان بۇ ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ھەقىقەتەن ئالـ
دىنىپ قالدى. ئۇلار ھاراقنى كورۇش ھامان ھېچنەرسە بىلەن كارى
بولماستىن، بىر يەرگە ژىغىلىشىۋېلىپ ئىچىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بۇ چاغدا، ئەنلۇڭ بىلەن جىن يىڭشۇ پارتلاتقۇچ دورىلارنى ئېلىپ
كوۋرۇكنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى.




جىن يىڭشۇ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز ژۈگۈرتكەن ئىدى ، ھېچنەرسە
كۆرۈنمىدى. ئۇ دەرھال بىر دۆۋە قۇم خالتىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ،
پارتلاتقۇچ دورىلارنى كۆمۈشكە كەتكەن نەنلۇڭنى پۇلېميوت بىلەن
مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




سۈيۈەنشۇ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ھاراقنى ئىچىشىپ راسا قىزىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئەمدى پەيتى كەلدى دەپ ئويلاپ، بىر قۇچاق ئوتۇننى ھەركەت باشلاش سىگنالى قىلىپ يەرگە قاتتىق تاشلىۋىدى، «تاراق» قىلغان بىر ئاۋاز چىقتى.



نەن‌لۇڭ سۇيۋەنشۇنىڭ سىگنالىنى ئاڭلاپ، دەرھال قۇم خال-
تىلىرىغا ئارتىلىپ كوۋرۇككە چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




نەنلۇگنىڭ بىر ئاز ئېھتىياتسىزلىقىدىن قۇم خالتىسى ژىرتىلىپ كېتىپ، شاقىراپ توكۇلگەن قۇمدىن ئاۋاز چىقىپ كەتتى.



بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئورۇنلىرىدىن چۇچۇپ تۇرۇشۇپ، ئەتراپنى پروژېكتور بىلەن يورۇتۇپ قارىغان ئىدى، ھېچ نەرسە كورۇنمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




نەن لۇك سچاقچانلىق بىلەن ئۈمۈلەپ كوۋرۇكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ،
پارتلاتقۇچ دۈزىنى كۆمدى.




ئاندىن كېيىن جىن يىڭشۇ بىلەن ئىككىسى بىر چەتتىكى ئورمان-
لىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئامېرىكا ئاۋتوموبىللىرى كەلگەندە،
ئۇنى كوۋرۇك بىلەن بىللە پارتلاتماقچى بولۇپ كۈتۈپ تۇردى.

www.uyghurkitap.com



ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن ئوتمەستىن ، لىققىدە قۇرال – ياراق بېسىلغان
ئامېرىكا ئاۋتوموبىللىرى كوۋرۇككە يېتىپ كەلدى.



نەنلۈك پارتلاتقۇچ دورىنىڭ پىلتىسىنى بىرلا تارتەۋىدى، گۈلـ
دۈرلىگەن ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ ئاۋتوموبىل بىلەن كوۋرۈك
بىللىلا پارتلاپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى
www.uyghurkitap.com



چوھنسوننىڭ ئىشەنچىلىك ئويلىرى تار-مار بولدى. ئۇ ئۈمىت-سىزلەنگەن ھالدا ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ، پودپوروشىك كاتىغا: «ئەگەر بىز بۇ پارتىزانلارنى يوقاتمىساق، ئىشىمىز تۈگەيدۇ.» — دېدى.



شۇنداق قىلىپ چوھىنسون «دولەت مۇداپىئە ئارمىيىسى»نىڭ ئوفىتسېرى سۇڭشىنتەينى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا پارتىزانلارنىڭ بۇيەردىكى خەۋەرچىسىنى بىر ئامال قىلىپ چوقۇم تۇتۇش كېرەك، دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلارنىڭ ئوگۇسىنى قورۇتماقچى بولدى.



شۇ ئاخشىمى، كوچىدىن خەلق ئارمىيىسىنىڭ كىيىمىنى كىيىگەن بىر ئادەم پايپاسلاپ ژۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى، ئىتلار كەينى-كەينىدىن هاۋۇشۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



بۇ ئادەم شۇ ھالدا ين‌فڭشۇنڭ ئشگگە كېلپ، ئالدراش ئشكنى قېقپ تۇرۇپ: «ژۇرتداش، چاققان ئشكنى ئېچپ بېرڭ!» — دەپ ۋاقردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



يىن فىڭشۇ بىراۋنىڭ ناھايىتى ئالدىراش ئىشىكنى قېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ دەرھال بالىسى چاڭجۇنى باغرىغا تېڭىۋالدى. ئۇ خىيالى بىر كەمگىچە، ئىشىكنى ئاچايمۇ ــ ئاچمايمۇ دەپ ئارىسالدى بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.



ئاخىرى، ئۇ ئىشىكنى قاقىقان كىشىنىڭ بىر خىل بىلىنمىش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ راستلا بۇزۇق ئادەم ئەمەس ئوخشايدۇ دەپ ئىشىكنى ئېچىپ، بۇ ئادەمنى يولەپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى




يمن‌فىڭشۇ ھېلىقى ئادەمنى يولەپ ئويگە ئەپ كىرىش بىلەن
تەڭ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان تىۋىشىنى ئاڭلاپ،
دەرھال ئۇنى يوشۇرۇپ قويغان ئىدى. ئامېرىكا ئەسكىرى ئويىنى بىر
قۇر ئاختۇرۇپ بېقىپ، ھېچنەرسە تاپالماي چىقىپ كەتتى.



ئەسلىدە بۇ ئادەمنى سوۋېتخىنتەي پارتىزانلارنىڭ سىرىنى بىلـ
مەك ئۈچۈن، خەلق ئارمىيىسى كىيىمىنى كىيگۈزۈپ بۇيەرگە ئېۋەتـ
كەن ئىدى. لېكىن يىن فىكشۇ بۇنى ئۆز كىشىمىز دەپ ھېساپلاپ،
ئۇنى ئارىلارچە كېيىندۈرۈپ ئۆيىدە ئېلىپ قالغان ئىدى. بۇ
ساختا خەلق ئارمىيىسى كوندۈزى چاڭجۇ بىلەن ئۆينىغان بولۇپ،
ئۇنىڭدىن پارتىزانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېگىلىمەكچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇ، چاڭجۇدىن پارتىزانلارنى بىلەمسەن، دەپ سورىۋىدى، گۇدەك چاڭجۇ گەپنىڭ راستىنى ئېيتىۋەدى: «پارتىزانلارنى كىم بىلمەيدۇ، ئۇلار ھەر كۈنى ئاخشىمى كېلىپ ئامبىرىسكا قاراقچىلىرىنى ئۆلتۈرۈدۇ؛ يەنە تېخى كوچىلارغا تەشۋىق ۋەرەقلىرى چاپلايدۇ.» — دېدى.



دەل شۇ چاغدا، يىن‌فىڭشۇ تاشقىرىدىن كىرىپ كەلدى. بۇ مۇ-
غەمبەر شىپون ناھايىتى ئىچى پۇشۇپ كەتكەن ئادەمدەك يىن‌فىڭشۇغا:
«بۇنداق يېتىۋېرىپ سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويۇدىغان ئوخشايمەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بۈگۈن ئاخشام ئاستا چىقىپ، پارتىزانلارنى تېپىۋا-
لاي.»—دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يىن فېڭشۇ، بۇ بەدبەختنىڭ ئەسلىدە دۈشمەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن. شۇڭا ئۇ: «بەلكىم پارتىزانلار كېلىپ سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىش مۇمكىن، بۈگۈن ئاخشام تاغدىن شەھەرگە ئادەم كەلمەكچى، ئېھتىمال ئۇ بىرەر خەۋەر ئېلىپ كېلىش مۇمكىن.» — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.



پارتىزانلاردىن ئادەم كېلىدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان شىپون دەرھال: ئۇ كىم، دەپ سورىدى، يىن فىڭشۇ قىلچە پەرۋا قىلماستىن: ئۇ بولسا جىن يىڭشۇ، دەپ ئېيتىپ سالدى. ھەتتا، جىن يىڭشۇنىڭ ئادرېسىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئەمدى سۈيۋەنشۇغا كەلسەك، ئۇ بۇگۇن كەچتە تەرتىپ ساقـ
لاش ئەترىدىنىڭ مىشىگە ئوت ياقماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياتىغىغا
كىرسە، بەزىلىرى قارتا ئويناۋاتقان، بەزىلىرى هاراق ئىچىشىۋاتقان
ۋە بەزىلىرى ئۇخلاۋاتقان ئىكەن.




تويۇقسىز، تەرتىپ ساقلاش ئەترىدىنىڭ باشلىغى كىرىپ چاققان
ژىغىلىڭلار، يولۋاس ئوگۇسىنى تېپىۋالدۇق — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



سۇيۋەنشۇ يولۋاس ئوگۇسىنى تېپىۋالدۇق دېگەن گەپنى ئاڭ‐
لاپ، ئەرۋايى ئۇچۇپلا كەتتى ۋە: «جىن يىگشۇنىڭ ئىزىنى تاپقان
ئوخشايدۇ.» ــ دەپ ئويلىدى.



سۇيۋەنشۇ ئۇچقاندەك ژۇگۇرۇپ فۇشنىڭ ئويگە كېلىپ ئۇ-
نڭغا: «جن يگشۇنى دۇشمەن بلىپ قالغان ئوخشايدۇ، چاققان بر
ئامال قلىپ يوشۇرايلى»ـــ دېدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



سۇيۋەنشۇ چىقىپ كېتىشىگىلا، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن تەر-تىپ ساقلاش ئەترىتىدىنىڭ ئادەملىرى فۇشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ فۇشىدىن، جىن يىڭشۇ قېنى، دەپ سورىدۇيدى، فۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى لام-جىم دېمىدى. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى غەزەپ بىلەن ئانا-بالا ئىككىيلەننى تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.



بۇ چاغدا، جىن يىڭشۇ ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ كەتكەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن تەرتىپ ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئا-
دەملىرى، جىن يىڭشۇنى ئۆيمۇ-ئۆي ئاختۇردى، جىن يىڭشۇمۇ ئۆيمۇ-
ئۆي قېچىپ يۈردى، خەلقنىڭ ھەممىسى ئۇنى ھىمايىسىگە ئالدى.
ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ قېچىپ بىر موماينىڭ ئۆيىگە كەلدى، موماي ئۇنى
بىر كىچىك ھۇجرىغا يوشۇرۇپ قويدى.



ئاندىن كېيىن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، ئىشىكنىڭ ئېشىغا ئەسكى-
تۈسكى نەرسىلەرنى ئېسىپ قويدى.



ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. ئۇلار راستىگەپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، موماينىڭ نەۋرىسىنىڭ مەيدىسىگە مىلتىقلىرىنى تىرەپ تۇرۇپ گەپ سورىدى. لېكىن بۇ قىزچاق گەپ قىلماستىن، قورقۇپ كەتكەن بولۇپ قەستەن ۋاقىراپ ژىغلاشقا باشلىدى.



ئامېرىكا ئەسكەرلىرى موماينىڭ ئۆيىنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ بېقىپ، ھېچنەرسىنى تاپالماي چىقىپ كېتىشتى. قىزچاق دەرھال ژىغىسىنى توختۇتۇپ، ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ: «ھەدە، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى كەتتى» — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



جىن يىڭشۇ ھۇجرىدىن چىقىپ، ئاپىسىنى ئامېرىكا بۇلاڭچىلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بۇ قىزچاقنى باغرىغا مەھكەم باستى ۋە بالىغا ئىچى ئاغرىپ: «بۇ كۆنلەردىكى شوخ بالىلارمۇ زۇلۇم دەستىدىن قېرى مىجەز بولۇپ كېتىپتۇ» — دەپ ئويلىدى.



ئامېرىكا ئەسكەرلىرى جىن يىگشۇنى كېچىلەپ غالجىرلارچە ئىز-
دەپ، ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىغانلىقتىن ، نىتىجىدە بىر مۇنچە
گۇمانلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ، گەمىگە سولاپ قويۇشتى.



بۇ ۋەقەدىن كېيىن، جىن يىڭشۇ، يىن فىڭشۇنىڭ ئۆيىدىكى خەلق جەڭچىسىنى دۈشمەنلەر خەلق ئارمىيىسىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ ئېۋەتكەن كىشى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىپ، ۋەقەنىڭ ئوتمۈشىنى ۋە بۇ ھەقتىكى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى پارتىزانلار ئەترىدىنىڭ باشلىقىغا مەلۇم قىلغان ئىدى. ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى توغرى دەپ بىلدى.




بۇ چاغدا، باش شتاپ بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدىغان ئالاقىچى قايتىپ كېلىپ، ئەترەت باشلىقىغا: «رۇخسەت قىلىڭ، باش شتاپ بىلەن سۆزلەشتۇق، پات ئارىدا خەلق ئارمىيىسى بىلەن جۇڭگو خەلق پىدائىيي قىسىملىرى مۇشۇ لىنىيىدە دۈشمەننى قورشاپ يوقاتماقچى ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن باش شتاپ بىزنىڭ ئەترەتكە ئۇرۇشنى ياخشى قىلىشقا تەييارلانسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردى!» — دەپ دوكلاد قىلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەترەت باشلىقى بۇنى ئاڭلاپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە كۈچلۈك بىر زەربە بېرىشنى ھەم جىن يىڭشۇنى شىپۇن بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئەھۋالغا قارىغاندا دۈشمەنلەر جىن يىڭشۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىشى جەزمەن، مۇنداق بولغاندا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە زەربە بەرگىلى بولۇدۇ.



جىن يىڭشۇ ئەترەت باشلىغىدىن يولىيورۇق ئالغاندىن كېيىن،
شىپونغا بىر پارچە خەت يازدى.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇندىن كېيىن يىن فىڭشۇنى ئېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئۈن چىقار-ماي خەتنى شېمونغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى جىكىلىدى. ئۇ جىن يىڭ-شۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا: «مەن ئۇنى سىزالماي، راست گەپنى ئېيتىپ قويۇپتىمەن. مەن ناھايىتى......» — دېدى. جىن يىڭشۇ: «دورۇسى، بىز مۇشۇنداق ۋاختلاردا ھوش-يارلىغىمىزنى ئېخمۇ ئاشۇرۇشىمىز كېرەكتە.» — دېدى.



يىن‌فىڭشۇ قايتىپ كېلىپ، خەتنى شىيونغا تاپشۇردى.




شىيون خەتنى ئېچىپ قارىسا، خەتتە: «يولداش جەڭچى: مەن بۈگۈن كېچە سائەت 4 تە سىزنى سۇ چىقىرىش بىناسى ئارقىسىدىكى جىلغىدا ساقلايمەن. نىشان چوڭ تېرەك،—جىن يىڭشۇ»— دەپ يېزىلغان.



بۇ كېچىدە، نەن لۇڭ تاغدىن چۈشۈپ جىن يىڭشۇ بىلەن بىللە سۇ چىقىرىش بىناسىنىڭ بىر چېتىدىكى ئوتنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈپ يېتىپ، شىپونىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۇزۇن ئۇتمەيلا، ئۇلار ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ھەركەتكە كېلىپ، سۇ چىقىرىش بىناسىنىڭ ئەتراپىغا موكۇنگەنلىكىنى كوردى.



جىن شۇ ھامان ئالدانغانلىغىنى بىلىپ، دۈشمەننىڭ لۈڭ نەن يىگىشۇغا: «قىلچە خاتا ئەمەس ئىكەن، سىز چاقىقان قايتىپ بېرىپ دوكلاد قىلىڭ، مەن شىپونىڭ ئەدىۋىنى بەرگەندىن كېيىن قايتىمەن.» — دېدى.



جىن يىڭشۇ قوشۇنغا تېز كېلىپ ئەھۋالنى دوكلاد قىلدى، ئۇنـ
دىن كېيىن ئەترەت باشلىقى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېتىپ: «يولداشلار،
هازىر شەھەر بوشاپ قالدى، بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۈشـ
مەنگە زەربە بېرىشىمىز كېرەك. جىن يىڭشۇ ۋە يولداش جاڭ، يولـ
داش جىڭلار دۈشمەن قاماپ قويغان پۇخرالارنى قۇتقۇزۇۋېلىپ
چىقىپ، ئۇلارنى پارتىزانلار بازىسىغا ئېپ كەلسۇن.» — دېدى.



جىن يىڭشۇ كەتكەندىن كېيىن، ئەن لۇڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ
ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ تۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، دېگەندەك ھېلىقى شـ
پىون يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



نەن لۈك ئالدىغىراق مېڭىپ، شېيونىڭ مۈرىسىگە شاپىلاغداپ تۇرۇپ، قەستەن يېقىملىق ئاۋاز بىلەن: «يولداش، خەلق ئەسكىرىمۇ سىز؟ مەن يول باشلىغۇچى.» — دېدى. شېيون ئۇنىڭ ئەركىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر ئاز چۆچۈگەن بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرمىغان بولۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇردى.



نەن لۇڭ شيمونني باشقا بىر تەرەپكە باشلىدى، شيمون ئەھـ
ۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن يالـ
ۋاندىن: قۇراللىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، قايتىپ بېرىپ ئەكىلىۋالسام،
دېدى. نەن لۇڭ شۇ هامان ئۇنى قەتئىي چەكلەپ: «سەن ئامېرىكا
قاراقچىلىرىنىڭ قۇيرۇغى بولماقچىمۇ! ماڭ ئارقامدىن!»ـــ دېدى.




ھىلىسى ياش بولۇپ قالغان شىپون، قاچماقچى بولۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇۋىدى ئارقا تەرەپتىن بىر پارتىزان كېلىپ قالدى. قورقۇپ كەتكەن شىپون ئاستا قولىنى كۆتەردى.

www.uyghurkitap.com



بۇجاھىل شىپون، بىرقانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە قاچتى. ئۇ قېچىپ ئانچە ژىراققا بارمايلا، يولداش نەن لۇڭ ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




بۇ ۋاختىتا، پارتىزان ئەترىتى دۈشمەنلەرنىڭ قورال ئامبىرىغا يېقىنلاشقان ئىدى. پەقەت بىرلا ئەسكەر ئامبار ئالدىدا پوستتا قالغان بولۇپ، قالغانلىرى سۇ چىقىرىش بىناسى ئارقىسىدىكى جىلغىغا كەتكەن ئىدى.



بىر پارتىزان ئاستا پوستىنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپ، ئېتىلىپ بېرىپ پوستىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى ـ دە، كارنىيىغا پىچاق سالدى.

www.uyghurkitap.com



ئۇندىن كېيىن پارتىزانلار ئامبارنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ كىرىپ ئامبارغا ئوت قويۇۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈن ئامبارغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتتى.



ھاۋا مۇداپىئەسى پوتىيىدىكى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى، ئامبارغا ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ژۇگۈرۈشۈپ كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولدى. جىن يىڭشۇ ۋە قالغان ئىككى يولداش شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاۋا مۇداپىئەسى پوتىيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ، گەمىگە سولانغان خەلقلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئۇلارنى تاققا باشلاپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ ۋاختتا، دۈشمەنلەر پارتىزانلارنى كورۈپ قىلىپ، ئارقىسى-
دىن قوغلۇشۇپ كەلدى. جىن يىڭشۇ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى بىلىپ
يولداش جاڭغا: «مەن يولداش جىڭ بىلەن بۇ يەردە قالاي، سىز
خەلقلەرنى تاقىتا ئېلىپ چىقىڭ» — دېدى.



جىن يىڭشۇ، يولداش جىڭغا يان تەرەپتىكى تاقّا چىقىپ دۈشمەننى توساپ زەربە بېرىشنى تاپشۇردى. ئۆزى ئۈدۈلدىكى تاقّا چىقىپ دۈشمەننى توساپ زەربە بەرمەكچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ چاغدا، دۈشمەنلەر قوغلاپ تاقىقا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى.



دۇشمەنلەر يېقىنلاشقاندا، جىن يىڭشۇ ئوت ئاچتى، بۇنىڭ بىلەن
ئۇرغۇن دۇشمەن ئۆلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۈشمەنلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى ، بۇ جىددىي پەيتتە ،
جىن يىڭشۇ ئوق قالمىغانلىقىنى سېزىپ قالدى .



ئۇ، قولىدىكى بىرقانچە گراناتنى دۈشمەنگە كەينى ـ كەينىدىن ئاتتى. گولدۇرلىگەن ئاۋاز چىقىشى بىلەن تۇرغۇن قاراقچىلار ئۆلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ ۋاختىتا، بىر قانچە دۇشمەن ئايلىنىپ كېلىپ، جىن يىڭشۇنىڭ
ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى.



ئۇدۇلدىكى تاغدا تۇرغان يولداش جىڭ، بىر قىسىم دۇشمەننىڭ جىن يىڭشۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تاقىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ: «يولداش جىن يىڭشۇ! دۇشمەنلەر ئارقا تەرىپىڭىزگە ئۆتۈۋالدى!» — دەپ جىنىنىڭ بىرىچە ۋاقىردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



دەل شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇت بىر تال ئوق كېلىپ يولداش جىڭغا تەگدى ــ دە، ئۇ قۇرۇان بولدى.



جىن يىڭشۇ يولداش جىڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي، ئەڭ ئاخىر- قى بىر تال گراناتنى ئېتىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى دۈشمەن قارىغا ئېلىپ ئېتىۋىدى، يولداش جىن يىڭشۇ مىلتىق ئاۋازى بىلەن بىللە ژىقىلدى.

www.uyghurkitap.com



جىن يىڭشۇ ئۆلمىگەنلىكتىن ، دۇشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالدى.
دۇشمەن ئۇنى نۇرغۇن قىيىن-قىستاققا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.



سۇي ۋەنشۇ جىن يىڭشۇنىڭ قولىغا چۇشكەنلىگىنى ئاڭلاپ، كوڭلى بەك يېرىم بولىدى. ئۇ، شۇ كۇنى ئوتۇن ئەكىلىش باناسى بىلەن، جىن يىڭشۇنى قاماپ قويغان ئامبارنىڭ ئالدىدىن ئوتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



پوستئۇنى كۆرمۇۋىدى، ئۇ دەرھال قوينىدىن پاخالغا ئورالغان بىر تال خالتىسىنى چىقىرىپ، دىرىزىدىن جىن يىڭشۇغا تاشلاپ بەر- دى. جىن يىڭشۇ خالتىسىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئىچىدىن بىر پارچە خەت چىقتى. خەتتە: «يولداش جىن يىڭشۇ، خەلق ئەسكەرلىرى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرۇۋۇدۇ. مەن سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى بارغانغا قەدەر باتۇرانە كۆرەش قىلىڭ.» — دەپ يېزىلغان. جىن يىڭشۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، چەكسىز بەخت ۋە مېھرىۋانلىق ھېس قىلدى.



دۇشمەن زەھەرلىك ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ باقسىمۇ، لېكىن جىن يىڭشۇدىن ھېچقانداق مەلۇمات ئالالمىدى. چوھىنسون ئۆزى كېلىپ سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، جىن يىڭشۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. چوھىنسون دېرىزە سىرتىدا تۇرغان پوستقا كۆز ئىشارىسى قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەسلىدە سۈي ۋەنشۈمۇ قولغا ئېلىنغان ئىدى. پوستتا تۇرغان ئەسكەر چوھېنسونىڭ ئىشارىسى بىلەن سۈي ۋەنشۈنى جىن يىگشۈغا كۆرسۈتۈش ئۈچۈن، قەستەن باغلاپ دېرىزە ئالدىدىن ئېلىپ ئۆتتى.



جەن يىڭشۇ سۇي ۋەنشۇنىڭمۇ قولغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. چوھنسون ھىلىگەرلىك قىلىپ: «سېنىڭ بىلەن ئالاقە قىلدىغان بوۋاي پارتىزانلارنىڭ پۈتۈن مەخپىيىتىنى ئېيتىپ بەردى. سەن ئېيتمىساڭمۇ مەيلى، لېكىن ئۆزەڭنىڭ ئىستىقبالىنى ياخشى ئويلاپ كۆر!» — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چوھەنسون جىن يىڭشۇنىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆ-
رۈپ ئۇنى يومشۇتۇش ئۈچۈن: «قىزچاق، سىز بەختلىك تۇرمۇش
كۆچۈرۈشنى ياخشى كۆرەمسىز؟» — دېدى. جىن يىڭشۇ ناھايىتى قەت-
ئىيەتلىك بىلەن: «ئەلۋەتتە. ئەركىن، بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈ-
رۈشنى خالايمەن.» — دېدى.



چوهەنسون ئۆزىچە مېنىڭ گېپىم تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ دەپ، يەنىمۇ چوڭقۇرلۇشۇپ: «ئەگەر سەن پارتىزانلارنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ ۋە بەختىڭگە كاپالەتلىك قى- لىمىز.» — دېدى-دە، ئۇنىڭغا بىر چىنە چاي قۇيۇپ بەردى، جىن يىڭشۇ چىنىنى چوهەنسوننىڭ بېشىغا ئاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇندىن كېيىن راسا كېلىشتۈرۈپ چوھەنسوننى شاپىلاق بىلەن ئىككىنى قويدى ۋە: «سەن قاراقچىلارنى تامام يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن بەختلىك تۇرمۇش كوچۈرۈمىز» — دېدى.



دۇشمەنلەر جىن يىڭشۇنى يەنە سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ، زىخنى قىزىتىپ ئۇنىڭ بەدىنىگە ياقتى. غەيرەتلىك جىن يىڭشۇ يەنە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دۈشمەنلەر سوۋيۋەنشۇنىمۇ سوراقخانىغا ئەكىرىپ، پارتىزانلارنىڭ تۇرغان جايىنى ئېيتىپ بېرىشنى قىستىدى. سوۋيۋەنشۇ پەرۋا قىلماستىن: «مەن باشلىقلارنىڭ ئاددىي ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئادەم تۇرسام، پارتىزانلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىگىنى نەدىن بىلەي!» — دېدى.



ۋەھشىلەشكەن دۇشمەنلەر، سۈيۋەنشۇغا بىر قامچىنى بەردى-دە:
«سەن ئەگەر پارتىزانلارنىڭ ئالاقىچىسى بولمىساڭ، مۇشۇنىڭ بىلەن
جىن يىڭشۇنى راستىنا كەلتۈرگىن.»—دېدى. سۈيۋەنشۇنىڭ كۆڭلى
ناھايىتى يېرىم بولدى. ئۇ بىر پەس ئويلۇنۇپ ئالغاندىن كېيىن:
«بۇ يارىمايدۇ، چوگراغىنى ئەكىلىپ بېرىڭلار.»—دېدى.

www.uyghurkitap.com



دۈشمەنلەر سۈيۋەنشۈغا يوغان بىر توخماقنى بەردى.




شۈيۋەنشۇ كاتانىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بېرىپ ، راسا كېلىشتۈرۈپ
بىرنى سېلىۋىدى ، كاتا شۈيەردىلا جان بەردى .



ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا شپىونلارنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، بىر
ئامېرىكا ئەسكىرى سۈيۈەنشۈنىڭ كەينىدىن ئوق چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بوۋاي سوٗيۋەنشوٗ: جىن يىڭشوٗ! دەپ توۋلىدى ـ دە ، باتوٗرانە قوٗرۋان بولدى.

www.uyghurkitap.com



بىر كۈنى ئايدىڭ كېچىدە ، ئامېرىكا قاراقچىلىرى يولداش جىن يىڭشۇنى ئەپ چىقىپ ئاتماقچى بولدى. ئۇ، مەرتلەرچە مەيدانغا چىقتى . ئامېرىكا قاراقچىلىرى ئۇنىڭ چىرايىدىن قەھرىمانلىقتىن باشقا ھېچقانداق قورقۇش ئالامەتلىرىنى كۆرەلمىدى.



جىن يىڭشۇ ئۆلۈم ئالدىدا دۈشمەنلەرگە غەزەپ بىلەن: «قانخور قاراقچىلار، سەنلەر مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭلار بىلەن چاۋشەن خەلقىنى تىز پۈكتۈرەلمەيسلەر!» ــ دېدى ــ دە، كۆلۈمسىرىگەن ھالدا: «ياشىسۇن چاۋشەن ئەمگەك پارتىيىسى! ياشىسۇن گېنېرال كىم ئىر-سىن!» ــ دەپ شۇئار توۋلاپ قەھرىمانلارچە قۇرۇۋان بولدى.



ئۇزاق ئۆتمەيلا، چاۋشەن خەلق ئارمىيىسى بىلەن جۇڭگو خەلق
پىدائىي قىسىملىرى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ئامېرىكا ئەسكەرلىرى چېكىنىشكە باشلىدى. چوهنسون قاتارلىق
ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئالدىرىشىپ قېچىشقا باشلىدى. تەرتىپ ساق-
لاش ئەترىدىنىڭ باشلىقى خەنچاڭگويمۇ بىللە كېتىش ئۈچۈن چو-
هنسونغا ئىلتىماس قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



ئامېرىكىلىقلار ئەسقاتمىدى. جوھنسون ناگىنىنى چىقىرىپ خەن،
چاڭگۈيىنى ئېتىپ تاشلىدى. دېمەك، يالاقچىلارنىڭ كۆرگەن كۈنى
ئاقىۋەت شۇ بولدى.



پارتىزانلار مۇنتىزىم ئارمىيىگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەنلەرنى يېرىم يولدا ئوقلا تۇتتى.

www.uyghurkitap.com



جەڭ يىگىشۇ بىلەن پارتىزانلار قوتولدۇرۇپ چىققان خەلقلەرمۇ،
تاغ تۆپىسىدە تۇرۇپ، دۈشمەنلەرگە تاش يۇمۇلۇتۇپ زەربە بەردى.



دۇشمەنلەر بۇ زەربىلەردىن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلالماي قاچقان،
بولىمۇ يېرىم يولدا بۇتۇنلەي هالاك قىلىندى .

www.uyghurkitap.com



يولداش نەن لۇڭ چوھىنسوننىڭ قاچقانلىغىنى بىلىپ قېلىپ،
جىننىڭ بىرىنچە قوغلىدى.



ۋەھشىلەشكەن بۇ ئامېرىكا قاراقچىسى چاۋشەن تۇپرىقىدا يو-
قۇتۇلدى.



جىن يىگشۇنىڭ يۇرتى ئازات بولدى. پارتىزانلار ۋە خەلقلەر
يولداش جىن يىگشۇ قۇرۇۋان بولغان تاغ باغرىدا كېلىپ پارتىيىنىڭ
بۇ ياخشى قىزىغا تەزىيە بىلدۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



خەلقلەردىن كوز يېشى قىلمىغان بىركىشىمۇ قالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



يولداش نەنلۇڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكتى. ئۇ ئۆز ژۇر-تىنى ئازات قىلغاندىن كېيىن، جىن يىگشۇ بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئىدى. لېكىن جىن يىگشۇ قۇرۇۋان بولۇپ كەتتى. ئۇ، قانداقمۇ مەيۈسلەنمەي تۇرالىسۇن!



ئەترەت باشلىغى نەن‌لۇگنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ: «يولداش نەن لۇك، ھازىر كوز يېشى قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، كوز يېشىمىزنى ئەرتمۇېتىپ دۇشمەننى قوغلايلى!» ــ دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.



كېيىن ئەترەت باشلىقى غەزدۆي بىلەن كەسكىن ھالدا كۆپچىلىككە: «ۋەھشى ئامېرىكا قاراقچىلىرى بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى ۋەيران قىلدى. ئەڭ سۆيۈملۈك سەپداشىمىز يولداش جىن يىڭشۇ ۋە يولداش سۇي ۋەنشۇنى ھەم نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنى قىردى. قانخور قاراقچىلارنى ۋەتەن تۇپرىقىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسايلى!» — دەپ چاقىرىق قىلدى.



خەلق ئارمىيىسى غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قىلىپ، دۈشمەنلەرنى
تۈگەتكەنگە قەدەر داۋاملىق ئالغا باستى.

بۇ كىتاپ «چاۋخۇا سەنئەت» نەشرىياتى تەرىپىدىن
1957 - ژىلى فېۋرالدا بېيجىندە نەشر قىلىنغان بىرىنچى
نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根据朝花美术出版社1957年2月第一版第一次印刷版本譯出

كىتاپ نومېرى: 1336(4)291

# پارتىزان قىز

تەرجىمە قىلغۇچى: ق. خوجايوۋ.
تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: ھ. كەنجىيېۋ.
كوررېكتورى: رىشىت ۋاھىدى.
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن - 047».
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
جىنخۇا مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

---

1958 - ژىلى مارتتا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1958 - ژىلى مارتتا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
فورمات: 787 × 1092 1/40 م.م. ھەجمى: $3\frac{9}{10}$ باسما تاۋاق.
تىراژى: 1 - 5 800. باھاسى: 20 پۇڭ.
بىرلەشمە نومېرى: M8049. ئۇيغۇرچە 77.

書號：1336(4)291
游击队的姑娘
（維吾尔文）
卡斯木譯　哈米提校訂
熱西提校对
民族出版社出版
地址：北京國子監特54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷廠排版
京华胶印厂印刷
新华書店发行

1958年3月北京第一版
1958年3月北京第一次印刷
737耗×1092耗1/40　印張3⅞
印數1—5,800冊　定價：二角
統一書号：M8049·維77